يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى ئۇقتۇرۇش تارقاتتى

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياك لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى «ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارت نەمۇنىلىك رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ مۇنداق تەكىتلىدى: ھازىر، يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەڭ كۆچەيدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرماقتا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئىشەنچنى چىڭىتىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، قەتئىي ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشى، غەلىبە قىلىشى كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىش كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەممىسى ئۆزى ئۆلگە بولۇش، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىپىسى ئەڭ مۈشكۈل، ئامما ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلارغا بېرىپ، بىرىنچى سەپكە بېرىپ قوماندانلىق قىلىپ، بىرىنچى سەپتە تۇرۇپ كۈرەش قىلىشى كېرەك. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى جەزمەن كاللىسىنى سەگەك تۇتۇپ، قەتئىي ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ھازىرقى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە ۋە ئەڭ مۇھىم خىزمەت قىلىپ، گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش ئومۇمىي تەلىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ «تۆت تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتى»نى چىڭىتىش، «تۆت بالدۇر»، «تۆتنى مەركەزلەشتۈرۈش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلىرى بويىچە، ۋەزىپىلەرنى تۈرمۇتۈر ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى دەرىجىمۇدەرىجە چىڭىتىپ، ماددىمۇماددا سېلىشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھېرىپ ـ چارچاشتىن قورقماي، ئۇدا جەڭ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قەتئىي ئاخىرغىچە تۇتۇپ، پۇختا، ئۈنۈملۈك خىزمەت ئارقىلىق، ئۈرۈمچى شەھىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: كەڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەزىپىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كەڭ كۆلەمدە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىنى تەشكىللەپ، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئامما ئالدىنى ئالىدىغان، ئامما تىزگىنلەيدىغان پۇختا مۇداپىئە سېپىنى بەرپا قىلىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ئېغىرلىق مەركىزىنى تۆۋەنگە يۆتكەش، ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەھەللە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى چىقارغان خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، ئوتتۇرىغا قويغان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىگە قارىتا، كەڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئاخىرغىچە ئىزچىللاشتۇرۇپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەشكىللەپ سەپەرۋەر قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قورغىنىنى مۇستەھكەم قۇرۇپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇشى كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار باتۇرلۇق بىلەن ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىشنى ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى نامايان قىلىشنىڭ سىنىقى ۋە بىلەي تېشى قىلىپ، «پارتىيە ئەزالىرى زەربىدارلار ئەترىتى» «پارتىيە ئەزالىرى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى»گە پائال قاتنىشىپ، باشلامچىلىق بىلەن ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈش ئۈلگىسى، باشلامچىلىق بىلەن پىدائىيلار مۇلازىمىتى قىلىش ئۈلگىسى، باشلامچىلىق بىلەن ئامما خىزمىتىنى قىلىش ئۈلگىسى، باشلامچىلىق بىلەن چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈلگىسى بولۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلىدە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئاچقۇچلۇق كۈچنى ئىشقا سېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغدىشى كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى دوختۇر ـ سېستىرالار، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدىكى خىزمەتچى خادىملار، مەھەللە خىزمەتچىلىرى ۋە پىدائىيلارغا چىن ھېسسىيات بىلەن كۆيۈنۈپ، بىرىنچى سەپتىكى خىزمەت كۈچلىرىنى ئىلمىي تەقسىملەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى نورمال خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا، نۆۋەتلىشىپ ئىشلەشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىرىنچى سەپتىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ۋاقتىدا دەم ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىنىڭ ئېھتىياجىغا ئالدىن كاپالەتلىك قىلىپ، بىرىنچى سەپتىكى قىيىنچىلىقى بار خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئائىلىسىنى ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئاممىنى يېتەكلەپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىش ئاكتىپچانلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى ئۇرغۇتۇشى كېرەك. بىرىنچى سەپتىكى خىزمەتچى خادىملارنى بىخەتەرلىك بويىچە تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، شەخسىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى ئىشلەپ، روھىي بېسىمىنى يېنىكلىتىپ، جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئارىسىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئىلغار تىپلارنى بايقاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەت بىرىنچى سەپتىكى خىزمەتچى خادىملارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، كۆيۈنىدىغان قويۇق كەيپىيات يارىتىشى كېرەك.



رېن خۇڭيېك (سولدا)، لى يۈەنيۈەن (ئوڭدىن 1 ـ كىشى)، ۋاڭ لىشيا (ئوڭدىن 2 ـ كىشى) بىرلىكتە پەرۋىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرماقتا.

## يۇقۇمغا قارشى جەڭدىكى ئۈچ ئاچا ـ سىڭىل

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋىرى
پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شىي لۇڭ فوتوسى

«يۇقۇمغا قارشى تۇرۇش ئالدىنقى سېپىدىكىلەر تۆھپىدە بەسلەشتى، جەڭ مەيدانىدىكى قىزىلگۈللەر ئۆزگىچە جۇلالاندى». ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا ئۈچ «ئاچا ـ سىڭىل» بار، ئۇلار ۋۇخەندىكى «يۇقۇم»غا قارشى جەڭگە بىرلىكتە قاتناشقانىدى. ئۈرۈمچىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭىدىن يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا جەڭگە قاتنىشىش ئىلتىماسى يېزىپ، يۇقۇمغا قارشى تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە كېلىپ مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ جەڭ قىلىۋاتىدۇ.

ئۈچەيلەننىڭ ھەممىسى ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى دوختۇرخانىسىدىكى غوللۇق سېستىرالار باشلىقى بولۇپ، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ ئىككى ئاغرىقلار رايونىدىكى 81 كارىۋاتنىڭ پەرۋىش قىلىش خىزمىتىنى تولۇق ئىشتاتلىق باشقۇرۇۋاتىدۇ.

ۋاڭ لىشيا ئىچ مىجەز، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، ئىككى ئاغرىقلار رايونىنىڭ يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەش خىزمىتىگە مەسئۇل، يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەش تەرتىپى، ئاغرىقلار رايونىنى دېزىنفېكسىيەلەش، ئەخلەت تازىلاش ـ توشۇش... ئۇنىڭ خىزمەت تەلىپى قاراڭغۇ بۇلۇڭ قالدۇرماسلىق.

رېن خۇڭيېك ئەقىللىق، زېرەك، ناھايىتى يېقىشلىق بولۇپ، ئاغرىقلار ئۇنىڭ گېپىنى ھەممىدىن بەك ئاڭلايدۇ.

لى يۈەنيۈەن مۇلايىم، ئەستايىدىل بولۇپ، ھەرقانچە قىيىن پەرۋىش خىزمىتىنىمۇ تەرتىپلىك بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

ئۇلار خىزمەتتە ياخشى ماسلىشىدۇ، تۇرمۇشتا بىر ـ بىرىنى چۈشىنىدۇ، قەدىرلەيدۇ.

ئۇلار ھەر كۈنى «سۇنى ئاز ئىچىش، يېرىم تويۇنۇش» خىزمەت پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ ئاغرىقلار رايونىغا كىرىدۇ، ئاغرىقلار ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ماختىشىدۇ؛ ئۇلار ئۈچ كىشىلىك «مۇڭدىشىپ داۋالاش» ئەترىتى قۇرۇپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئاغرىقلارنى كەيپىياتىنى تەڭشەشكە يېتەكلىدى؛ ئۇلار كىچىك ياڭراتقۇ تېپىپ، يېنىك ئاغرىقلار بىلەن بىرلىكتە سەككىز بۆلەكلىك گىمناستىكا مەشىق قىلىدۇ، ساغلاملىق گىمناستىكىسى ئوينايدۇ...

بارلىق دوختۇر ـ سېستىرالارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى، كۆيۈنۈشى بىلەن، نۆۋەتتە ئۇلار باشقۇرۇۋاتقان ئىككى ئاغرىقلار رايونىدىكى 18 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى. «ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسلىگە كېلىپ دوختۇرخانىدىن چىقىۋاتىدۇ، بۇ غەيرىتىمىزنى ئۇرغۇتتى!» ئۈچ ئاچا ـ سىڭىل قەتئىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى: «يۇقۇم ئاخىرلاشمىسا، بىزمۇ چېكىنمەيمىز، بىز ئاغرىقلار بىلەن بىرلىكتە يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىمىز!»

سۈرەتلىك ھېكايە



8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ 1 ـ بىنا 3 ـ ئاغرىقلار رايونىدا، رېن خۇڭيېك (ئوڭدا) ئاغرىقلار رايونىغا كىرمەكچى بولغان خىزمەتدىشىنىڭ مۇداپىئەلىنىشىگە ياردەملەشمەكتە.



8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ 4 ـ بىنا 8 ـ ئاغرىقلار رايونىدا، خىزمەتدىشى ۋاڭ لىشيانىڭ (ئوڭدا) ماسكا زەخىملەندۈرگەن يارا ئىېغىزىنى بىر تەرەپ قىلماقتا.



8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ 4 ـ بىنا 8 ـ ئاغرىقلار رايونىدا، ۋاڭ لىشيا ئاغرىقلار بىلەن بىرلىكتە ساغلاملىق ئۇسسۇلى ئوينىماقتا.

# ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 20 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

### كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 12 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۋېيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 20 ئاغرىق دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، ھەممىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاغرىق مىسالى؛ كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 12 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 11ى ئۈرۈمچىدە، بىرى بىڭتۈەندە.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لىبي ۋېي مۇنداق تونۇشتۇردى: دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر ـ سېستىرالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى ـ داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، يۇقىرىقى ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 7 ـ نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.